ISTIQLAL

# ئىستىقلال ئاۋازى

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ماي 2023 (ئومۇمىي 34 - سان)

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۈنجى باسقۇچىدۇر



# خىتاي بۇلاڭ-تالاڭنى جىددىي كۈچەيتمەكتە




خىتاي رېجىمى تەكلىماكان قۇملۇقىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا، 8591 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى بايقالغان.

بېيجىڭ گېزىتىنىڭ 2-مايدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، شەرقىي تۈركىستانغا جايلاشقان تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى شۈنبېي نېفىت-تەبىئىي گاز رايونىدىكى يانتۇ 10-نومۇرلۇق قۇدۇقىدىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا، 8591 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى بايقالغان. دەسلەپكى سىناقتا كۈندىلىك تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 600 مىڭ كۇب مېتىردىن ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن.

خىتاي نېفىت خىمىيە غەربىي شىمال نېفىتلىكى چارلاش ۋە تەرەققىيات تەتقىقات ئورنىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قېتىم بۆسۈش هاسىل قىلىنغان شۈنبېي 10X يانتۇ قۇدۇق 10-نومۇرلۇق كاشىلا رايونىدىكى تۇنجى نۇقتىلىق ئالدىن تەكشۈرۈلگەن قۇدۇق بولۇپ، بۇ ساھەدىكى بۆسۈش شۈنبېي نېفىت ۋە تەبىئىي گاز رايونى ئوتتۇرا قىسمىدىكى نېفىت ۋە تەبىئىي گازنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن موللىقىنى ئىسپاتلىغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، مەزكۇر قۇدۇق شايار ناھىيەسى تەۋەلىكىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، «شېندى 1-نومۇر» شۈنبېي نېفىتلىكىدىكى 18 نېفىت ۋە تەبىئىي گاز رايونى ئىچىدىكى 10-نومۇرلۇق تۇنجى قۇدۇق ئىكەن. 143 كۈنلۈك بۇرغىلاش مەشغۇلاتى ئارقىلىق بۇرغىلاش چوڭقۇرلۇقى لايىھەلەنگەن بويىچە 8591 مېتىرغا يەتكەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىققان بايلىقلارنى پەقەتلا ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى، ھەقىقىي ئىگىلىرى بولغان يەرلىك خەلقنىڭ ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى، نامراتلىق ئىچىدە

ياشاۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ماس ھالدا، بولاڭ-تالاڭنىمۇ كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



## قازاقىستان خەلقى خىتايلارنىڭ قازاقىستانغا ۋىزىسىز كىرىشىگە نارازىلىق بىلدۈردى

خىتاي بىلەن قازاقىستان ئۆزئارا ۋىزا كەچۈرۈم قىلىشنى يولغا قويماقچى بولغان بولۇپ، قازاقىستان خەلقى بۇنىڭغا تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قارشى چىقتى.

خىتاي سانائىتىنى چەت ئەلدە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەمئىيىتى ئورگان تورىنىڭ 29-ئاپرېل خەۋەر قىلىشىچە، قازاقىستان بىلەن خىتاي ئۆزئارا ۋىزا كەچۈرۈم قىلىش كېلىشىمى تۈزمەكچى بولغان بولۇپ، قازاقىستان خەلقى بۇ كېلىشىم يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇنلا خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ قازاقىستانغا ئېقىشقا باشلىغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، بۇ كېلىشىمگە قاتتىق قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

بۇ ھۆججەتنى قازاقىستاندىكى ئۆلچەملىك قانۇن لايىھەسىنى ئاشكارا مۇنازىرە قىلىش تور بېكىتى 12-ئاپرېل ئېلان قىلغان بولۇپ، ھۆججەتتە تۇرۇش مۇددىتى 30 كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، قازاقىستان پۇقرالىرىنىڭ خىتايغا ۋىزىسىز كىرىشى ۋە خىتاي پۇقرالىرىنىڭمۇ قازاقىستانغا ۋىزىسىز كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

كېلىشىم بويىچە ۋىزىسىز كىرگەن ساياھەتچىلەر قارشى تەرەپ زېمىنىغا كىرگەندىن كېيىن 30 كۈن تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدىغان بولۇپ، ئومۇمىي تۇرۇش ۋاقتى 90 كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىكەن. بۇ كېلىشىم 18-مايدا قازاقىستان پرېزىدېنتىنىڭ خىتاي زىيارىتى جەريانىدا رەسمىي ئىمزالىنىدىكەن.

نۆۋەتتە بۇ كېلىشىمگە قارىتا قازاقىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلق ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا نارازىلىق بىلدۈرۈۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭ قازاقىستان ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە ۋە كوللېكتىپ ھالدا پرېزىدېنت قاسىم جومارت توقايوفقا چاقىرىق قىلماقتا.




# خىتاي توقسۇدا ئاتالمىش «تۇتۇق بەگ مەدەنىيەت باغچىسى» نى پەيدا قىلدى

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا يىللاردىن بېرى ئىزچىل داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇش« ۋە «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش« تېررور سىياسىتى ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتىش رەزىل مەقسىتىدە، 1-ماي ئاقسۇ ۋىلايىتى توقسۇ ناھىيەسىدە ئاتالمىش «تاڭئەنشى تۇتۇق بەگ مەدەنىيەت باغچىسى«نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەن.

ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2-مايدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي رېجىمى مەزكۇر ئېچىلىش مۇراسىمىدا تۈرلۈك پائالىيەت ۋە نومۇرلارنى كۆرسەتكەن بولۇپ، مۇراسىمدا خىتاي ئەمەلدارلىرى سۆز قىلىپ، ئاتالمىش «تاڭئەنشى تۇتۇق بەگ مەدەنىيەت باغچىسى«نى ئاتالمىش «شىنجاڭنى مەدەنىيەت بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش» ئىستراتېگىيەسىنى ئەتراپلىق يولغا قويۇش مەقسىتىدە قۇرۇپ چىققانلىقىنى ئاشكارا تىلغا ئالغان.

مەزكۇر پائالىيەت ئۈچ كۈن داۋاملاشقان بولۇپ، خەۋەرگە قىستۇرۇلغان سۈرەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، مۇراسىمدا ئۇيغۇر قىز-ئوغۇللىرىغا خىتايچە كىيىم كىيدۈرۈلگەن. پائالىيەت جەريانىدا ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، مەشرەپ، چېلىشىش قاتارلىق ئويۇنلار كۆرسىتىلگەن. بىلدۈرۈلۈشىچە، مەزكۇر ئورۇندا تۈرلۈك ئالاھىدە تۈرلەر يولغا قويۇلۇپ، ساياھەتچىلەرگە ئاتالمىش «تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايوننى قانداق قوغدىغانلىقى» سەپسەتىسى تەشۋىق قىلىنىدىكەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش«، »جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش«، «شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش» قاتارلىقناملار بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى كۈچەپ ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەرخىل ۋاستىلەر ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇنۇپ

كەلگەنلىكىنى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇرلىغۇدەك ئەمەلىي ھەرىكىتى بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئاتالمىش «زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇق مەزمۇنىدىكى ئۈن-سىن» دېگەن نام بىلەن، 50 مىڭ ئۈن-سىن ھۆججىتى تىزىملىكىگە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنى سوراق تىزىملىكىگە كىرگۈزگەنلىكىنى بايقىغان.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ئورگان تورىنىڭ 4-مايدىكى خەۋىرىدە ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي ساقچىلىرىنىڭ تىزىملىكتىكى سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئەدلىيەلىك تەھلىل قىلىش نەتىجىسىدە، 2017-يىلىدىن 2018-يىلىغىچە بولغان توققۇز ئاي ئىچىدە، ساقچىلار ئۈرۈمچىدىكى 3 مىليون 500 مىڭ ئاھالىگە تەۋە 1 مىليون 200 مىڭ يانفونىنى 11 مىليون قېتىمغا يېقىن ئاختۇرۇپ تەكشۈرگەن.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ خىتاي ئىشلىرى مۇۋەققەت دىرېكتورى ۋاڭ سوڭلىيانىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە ئورنىتىلغان كۆزىتىش تېخنىكىسىنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش ۋە ئىجتىمائىي كونترول قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى يانفونلىرىدا پەقەت قۇرئان ئايەتلىرى ياكى قىرائىتىنى ساقلىغان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ساقچىلار تەرىپىدىن سوراق قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى خىتاينىڭ ئاتالمىش «تېررورلۇق ۋە ئاشقۇنلۇققا قارشى تەدبىر» نامى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە زەربە بېرىش ئۇسۇلىغا قارىتا

ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنداقلا خىتاينىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنىنىڭ مۇجمەل ئىكەنلىكىنى، خەلقنى خالىغانچە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلغانلىقىنى، سىياسىي، دىنىي ۋە ئىدىيەۋى ھەرىكەت قىلغۇچىلارنى ئۆلۈمگە ياكى ئېغىر جىسمانىي جازاغا ھۆكۈم قىلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە ھەر جەھەتتىن زىيانغا ئۇچرىتىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن.

كىشىلىك ھوقۇقىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى تەخمىنەن 1400 ئۈرۈمچى ئاھالىسىنىڭ يانفونىدا ساقچىلارنىڭ ئاساسلىق تىزىملىكى ۋە كونترولىغا ماس كېلىدىغان 1000 دىن ئارتۇق ھۆججەتنى بايقىغان. بۇ ئارخىپلارنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ (57%) ئاساسەن قۇرئان تىلاۋىتىگە ئالاقىدار مەزمۇنلار ئىكەنلىكىنى بايقىغان.




خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا توختاۋسىز ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ۋە تۈرلۈك يالغان تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق دۇنيانىڭ كۆزىنى بوياشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، خىتاينىڭ ئەنقەرە باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تۈركىيەدە خىتايغا سادىقلىقى بىلەن تونۇلغان خىتايپەرەسلەرنىڭ ئاكتىپ ھەسسە قوشۇشى بىلەن جەم بولغان 20 كىشىلىك ئۆمەكنىڭ 23-ئاپرېلدىن باشلاپ، بېيجىڭ، خوتەن، قەشقەر ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە زىيارەتتە بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ خىتاي رېجىمى تەرىپىدىن ئالاھىدە كۈتۈۋېلىنغانلىقى خەۋەر قىلىنغاندى.

ئېنىقلىنىشىچە، مەزكۇر ئۆمەك «تۈركىيەدىكى شىنجاڭلىق مۇھاجىرلار ساياھەت ئۆمىكى» سۈپىتىدە ئالاھىدە كۈتۈۋېلىنغان بولۇپ، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت» مۇھاجىرلار ئىشخانىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قىزىل تاشلىق كىتاب تارقىتىپ بېرىلگەن ۋە ئۇلارنىڭ تۈركىيەدىكى خىزمىتى، مەزكۇر ئۆمەكنى خىتاي مەركىزىي پارتىيە كومىتېتى ۋە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون» دەرىجىلىك كادىرلاردىن كىملەرنىڭ

كۆتۈۋالغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار ئورۇن ئالغان.

تىزىملىكتە ئالدى بىلەن مەركىزى ئۆمەكتىكى كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ:

زەينەش ئىسمائىل، تۈركىيە-خىتاي يىپەك يولى جەمئىيىتى رەئىسى.

ئەنقەر ئۆتكۈر، خىتاي-تۈركىيە يىڭى ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى.

ئەرەفات ئادىلجان، خىتاي-تۈركىيە يىڭى ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ سېكرېتارى ۋە خىتاي ئەلچىخانا خادىمى.

دىليار يىلدىرىم، خەلقئارا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مائارىپ ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى.

پەرىدە ئەنۋەر، تۈركىيە ئەنقەرە مۇھاجىرلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.

لىڭ خۇڭ لىڭ، ئىزمىر خىتاي مۇھاجىرلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.

يارقىن تاي ئىسلام، تۈركىيە-خىتاي تىنچلىق بىرلىكى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

سابىر بۇغدا، ئۇيغۇر سودا-سانائەتچىلەر جەمئىيىتى رەئىسى.

ئادىلە ۋەلى، ئۇيغۇر سودا-سانائەتچىلەر جەمئىيىتى مۇئاۋىن رەئىسى، سابىرنىڭ كاتىپى.

مەۋلۇدە ئەزىز، تۈركىيە-خىتاي مۇھاجىرلار خانىم قىزلار بىرلەشمىسى رەئىسى.

خالمەت، تۈركىيە خىتاي دوستلۇق تىجارەت جەمئىيىتى رەئىسى.

ئۇندىن باشقا ئۆمەككە مەمەتنىياز، مۇنىرە مۇخەن، مۇنىرە ئۆز تۈرك، دىلنۇر قىستار، ماھىنۇر سالىھ قاتارلىقلار ۋە سابىر بۇغدا بىلەن پەرىدەنىڭ ئوغلى قاتارلىقلار قاتناشقان بولۇپ، خىتاي مەركىزي كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل تۆۋەندىكى ئالتە خادىمى ئۇلارغا ھەمراھ بولغان.

1. جاڭ چېڭ، خىتاي مەركىزي كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمى 8-ئىدارىسى 5-باشقارمىسىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى.

2. گۇەن ۋېيۋىن، خىتاي مەركىزي كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمى 9-ئىدارىسى 5-باشقارما خادىمى.

3. يۇ رۈيمىن، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى كونسۇلخانا ئىشلىرى ئىدارىسى مۇھاجىرلار بۆلۈمى مەسلىھەتچىسى.

4. ماۋ يۈسىن، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى كونسۇلخانا ئىشلىرى ئىدارىسى مۇھاجىرلار بۆلۈمى كادىرى.

5. ۋاڭ يۇڭ، خىتاينىڭ تۈركىيە ئەنقەرە باش ئەلچىخانىسى مەسلىھەتچىسى.

6. ياڭ پەن، خىتاينىڭ ئىستانبۇل باش كونسۇلخانىسى دىپلوماتى.

بۇلاردىن باشقا يەنە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون»دىن ئىككى كىشى ھەمراھ بولغان بولۇپ: ئۇلار:

1. لى فۇچاڭ، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم» بىرلىكسەپ بۆلۈمى مۇئاۋىن باشلىقى.

2. يى پۇلۇن، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم» بىرلىكسەپ بۆلۈمى مۇھاجىرلار ئىشلىرى باشقارما باشلىقى.

خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى ئاقلاش سېپىدىكى مەزكۇر خىتايپەرەسلەرنىڭ خىتاي مەركىزىي رېجىمى ۋە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» رېجىمى تەرىپىدىن مەخسۇس كۈتۈۋېلىنىپ، زىيارەتتە ھەمراھ بولۇشى ئالاھىدە دىققەت قوزغىدى.




خىتاي ئاخبارات ئەركىنلىكى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئاخىردىن سانىغاندا ئىككىنچى ئورۇنغا تىزىلدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 5-مايدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، «چېگراسىز مۇخبىرلار» تەشكىلاتى ئېلان قىلغان «2023-يىللىق يەرشارى ئاخبارات ئەركىنلىكى كۆرسەتكۈچى» دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتايدىكى ئاخبارات ئەركىنلىكى دۇنيا بويىچە ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ئورۇنغا تىزىلغان. بۇ يىل خىتايدىكى ئاخبارات ئەركىنلىكىنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچرىشى توسالغۇغا ئۇچراش دەرىجىسى شىمالى كورىيەدىن ئېشىپ كەتكەن.

دوكلاتتا خىتاينىڭ دۇنيا بويىچە ژۇرنالىستلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تۈرمە ئىكەنلىكى، مۇخبىرلارنى باستۇرۇش قىلمىشلىرىنىڭ بارغانسېرى شىمالىي كورىيەدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن. خىتايدا تۇرۇشلۇق بىر تۈركۈم چەت ئەل مۇخبىرلىرى ئامېرىكا ئاۋازى رادىيوسىغا: «خىتايدىكى ئاخبارات ئەركىنلىك مۇھىتى ناچارلىشىپ، يوقىلىش دەرىجىسىگە يېقىنلاشتى. شۇڭا بۇ يىللىق باھالاشتا خىتاينىڭ مۇخبىرلارغا چەكلىمە قويۇش دەرىجىسىنىڭ ئۆرلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس» دېگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، شى جىنپىڭ 2016-يىلى بارلىق تاراتقۇلار كومپارتىيەگە ئەگىشىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەندىن بۇيان، خىتايدىكى ئاخبارات ئەركىنلىكى مۇھىتى تېخىمۇ ناچارلاشقان. شۇنىڭ بىلەن خىتايدىكى ئاخبارات ئەركىنلىكى خەلقئارادىكى 180 دۆلەت ئىچىدە 179-ئورۇنغا تىزىلغان بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ ناچار ھالغا چۈشۈپ قالغان.

مەزكۇر دوكلاتتا تىلغا ئېلىنىشىچە،

دۇنيادىكى 180 دۆلەت ئىچىدە بۇ يىلىلىق ئاخبارات ئەركىنلىكى بويىچە تىزىلغان رەت تەرتىپتىكى ئاخىرقى ئۈچ دۆلەتنىڭ ھەممىسى كوممۇنىست دۆلەتلەر بولۇپ، خىتاي بىلەن ۋيېتنام ئەڭ ئاخىرىغا تىزىلغان.

«چېگراسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتى»نىڭ تەيبېيگە جايلاشقان شەرقىي ئاسىيا ئىشخانىسىنىڭ ئىجرائىيە ئەمەلدارى سېدرىك ئالۋىيانى 3-ماي ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا 2002-يىلى ئاخبارات ئەركىنلىك كۆرسەتكۈچى ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، خىتاينىڭ بۇ جەھەتتىكى رەت تەرتىپىنىڭ ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، كىشىنى چۆچۈتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.




شىۋېتسىيەدە ئىسلام دۈشمەنلىكىگە قارشى مەخسۇس يىغىن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، يىغىندا خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىمۇ نۇقتىلىق تىلغا ئېلىندى.

6-ماي ئۆتكۈزۈلگەن مەزكۇر يىغىن شىۋېتسىيە رابىتاتۇل ئىسلام، مۇسلىم ئېيد ۋە شىۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەمكارلىقىدا تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئىستوكھولمنىڭ خەلق مەيدانى رايونىدىكى چوڭ مەسچىتتە ئۆتكۈزۈلگەن.

يىغىندا ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان داڭلىق يازغۇچى، پائالىيەتچى دوكتور خالىد بەيدۇننىڭ يېقىندا نەشر قىلدۇرغان «ئىسلامفوبىيا» ناملىق كىتابى مۇزاكىرە قىلىنغان ھەمدە مەزكۇر كىتاب ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلگەن.

دوكتور خالىد بەيدۇننىڭ مەزكۇر كىتابىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تېررور سىياسىتى يۈرگۈزۈش، ئاتالمىش «تېررورغا زەربە بېرىش» نامىدا شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى سىستېمىلىق تۇتقۇن قىلىش، باستۇرۇش قاتارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىشقىمۇ ئورۇن بېرىلگەن.

يىغىندا ئالدى بىلەن دوكتور خالىد بەيدۇن

سۆز قىلىپ، كىتابنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى، مەزكۇر كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتىنى تونۇشتۇرغان. ئارقىدىن شۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ ياشلار بۆلۇمىدىن ئېھسان ئابدۇلەتىف ئەپەندى سۆز قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان. ئارقىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتكەن.




ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ئەنگلىيەدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان خىتاينىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، خوڭكوڭ، ئۇيغۇر ۋە تەيۋەن مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى جېيمىس كىلېۋېرلى 5-ماي لوندوندا زىيارەتتە بولۇۋاتقان خىتاي مۇئاۋىن رەئىسى خەن جېڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، ئەنگلىيەنىڭ خوڭكوڭ، شەرقىي تۈركىستان ۋە تەيۋەن مەسىلىسىگە بولغان كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

جېيمىس كىلېۋېرلى تىۋىتتېر ھېساباتىدا: «خىتاي بىلەن ئارىلىشىش دېگىنىمىز ئېغىر ئىختىلاپ بار بولغان ۋە ھەمكارلاشقىلى بولىدىغان ساھەلەرنى مۇزاكىرە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۈگۈن مەن خىتاي مۇئاۋىن رەئىسى خەن جېڭغا ئەنگلىيەنىڭ خوڭكوڭ، ئۇيغۇر ۋە تەيۋەن مەسىلىلىرىگە بولغان كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بىز يەنە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، كىلىمات ئۆزگىرىشى جەھەتتىكى ھەمكارلىشىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدۇق» دېگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ ئۇچرىشىش خىتاي بىلەن ئەنگلىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تۆۋەن نۇقتىسىغا چۈشۈپ قالغان بىر پەيتتە ئۆتكۈزۈلگەن. ئەنگلىيە دۆلەت بىخەتەرلىك ئەندىشىسى سەۋەبىدىن خىتاينىڭ ئەنگلىيەگە مەبلەغ سېلىشىنى چەكلىگەن ھەمدە ئاشكارا ھالدا خىتاينىڭ كونسېرى كۈچىيىۋاتقان ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، جېيمىس كىلېۋېرلى

ئالدىنقى ھەپتە لوندوندا قىلغان سۆزىدە: «خىتاينىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتى تىنچلىق دەۋرىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولدى. ئەنگلىيە خىتاينى بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئوچۇق بولۇشقا چاقىرىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يەنە: «گەرچە ئەنگلىيە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىدىن نارازى بولسىمۇ، ئەمما ئەنگلىيە خىتاي بىلەن ئىجابىي ئالاقىنى ساقلايدۇ» دېگەنلەرنى ئىلاۋە قىلغانىدى.




خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چىن گاڭ ئافغانىستاننىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋەدىسىنى چوقۇم ئادا قىلىپ، خىتاي خادىملىرى ۋە ئورگانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەردە قەيت قىلىنىشىچە، چىن گاڭ ئۆزلىرىنىڭ ئافغانىستانغا تېزرەك پۇت تىرەپ تۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، تىنچلىق، مۇقىملىق، تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشكە كاپالەتلىك قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، خىتاي-ئافغانىستان-پاكىستان ئۈچ تەرەپلىك سۆھبەت ۋە ھەمكارلىقنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

چىن گاڭ 6-ماي ئىسلامئابادتا ئافغانىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇۋەققەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئەمىرخان مۇتتەقى بىلەن كۆرۈشكەندە، خىتاي ۋە ئافغانىستاننىڭ تاغ ۋە دەريا بىلەن تۇتىشىدىغان ئىككى دوستانە قوشنا دۆلەت ئىكەنلىكى، ئافغانىستاننىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋەدىسىنى ئادا قىلىشى، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاتالمىش «تېررورلۇق كۈچلىرى»گە زەربە بېرىشى ۋە خىتايلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىرادىسىنى چىن دىلىدىن ئورۇندىشى كېرەكلىكى ھەققىدە جار سالغان.




# تاراتقۇلار: ھۆسەيىن جېلىل مەسىلىسى مايكىل چۇڭنىڭ مەسىلىسىدىن ئېغىر

كانادا 8-ماي ئۇيغۇر مەسىلىسىدە خىتايغا قاراتقان تەنقىدىي سۆزلىرى سەۋەبلىك كانادا پارلامېنت ئەزاسى مايكىل چۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە تەھدىت سېلىش بىلەن ئەيىبلەنگەن خىتاي دىپلوماتىنىڭ قوغلانغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، خىتاي رېجىمى قانۇنسىز ھالدا مۇددەتسىز قاماققا ھۆكۈم قىلغان ۋە كېيىنچە 20 يىللىق قاماققا ئۆزگەرتىلگەن كانادا پۇقراسى ھۈسەيىن جېلىل مەسىلىسى قايتا كۈنتەرتىپكە كەلدى.

«تورونتو يۇلتۇزى» گېزىتىنىڭ يازغۇچىسى بىراين دېمىڭ 11-مايدىكى ئوبزورىدا كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي دىپلوماتىنى قوغلاپ چىقىرىش مەسىلىدە توغرا قەدەم باسقانلىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ يەنە بىر كانادا پۇقراسى ھۈسەيىن جېلىلنىڭ سەۋەبسىزلا خىتاي تۈرمىسىدە يېتىۋاتقانلىقىنى خىتايغا قايتا ئەسكەرتىشى كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقى ھەققىدە سۆزلەشتىن باشقا گۇناھى يوقلۇقىنى ۋە 17 يىلدىن بۇيان تۈرمىدە يېتىۋاتقانلىقىنى، نۆۋەتتە خىتاي دىپلومات ئۇيغۇرلار ھەققىدە سۆز قىلغان مايكىل چۇڭنى نىشان قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ جازاغا ئۇچرىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە: «كانادانىڭ مەزكۇر خىتاي دىپلوماتنى قوغلاپ چىقىرىشى مۇۋاپىق. ئەمما كانادا ھۆكۈمىتى ۋە كانادالىقلار تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىشى كېرەك. ئۇيغۇر ھوقۇقى ھەققىدە سۆزلەشكە جۈرئەت قىلغان كانادا پۇقراسى ھۈسەيىن جېلىل مەسىلىسىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇ ۋە باشقا ئۇيغۇرلارغا ئادالەت تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك» دېگەن.

ئۇندىن باشقا كانادا ھۆكۈمىتى يېقىندا 10 مىڭ ئۇيغۇرنى كاناداغا ئورۇنلاشتۇرۇش قارارىنى پارلامېنتتا قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەر جىددىي ئويلىشىلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەر ھازىر ئىجرا قىلىش باسقۇچىغا ئۆتكەن.




خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى «خىتاي-ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى ۋە نۆۋەتتىكى تاشقى ئىشلار بىخەتەرلىك سىياسەت مەسىلىلىرى ئىستراتېگىيەلىك مۇزاكىرە يىغىنى» مۇناسىۋىتى بىلەن، 10-ماي ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەتتى.

مەكتۇپتا خىتاينىڭ دۇنيا مىقياسىدا كېڭەيمىچىلىك قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە موڭغۇلىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلاردا باستۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ رايوندىكى كېڭەيمىچىلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان دەھشەتلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەرگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى خەلقئارادا كېڭەيمىچىلىك قىلىشى ئۈچۈن جۇغراپىيەلىك، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە بايلىق نۇقتىسىدىن زور ئەھمىيىتى بار دەپ قارىغانلىقى سەۋەبلىك، ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى يوقىتىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئارقىدىن خەلقئارا جەمئىيەتتە زومىگەرلىك قىلىش تەسەۋۋۇرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

مەكتۇپتا يەنە ئەھۋالنىڭ شۇنچە ئېغىر بولۇشىغا قارىماي، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئارقىلىق خەلقئارا تىنچلىقنى بۇزۇش قىلمىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقى، خىتاي يەنە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ھەل قىلىشتىكى ھەربىر ئۇرۇنۇشىنى قەتئىي رەت قىلىپ، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشى ئىكەنلىكىنى جار سېلىپ، خەلقئارا تىنچلىق تەرتىپىنى بۇزغانلىقى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى،

ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئويلىشىپ، يېڭىدىن ياۋروپا ئىتتىپاقى-خىتاي ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىئىنەزەرىنى بەرپا قىلىشى كېرەكلىكى كۆرسىتىلدى.

مەكتۇپنىڭ ئاخىرىدا: «بىز ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنى ئىشغال قىلىنغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقنى قوغداشنى نىشان قىلغان ھالدا خىتايغا بېسىم قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن خەلقئارالىق نازارەت سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىشقا، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئالدىدىكى قانۇنىي ۋە ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، خىتايىنى خەلقئارا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن بېسىم قىلىشقا چاقىرىمىز» دېگەنلەر تەكىتلەندى.




خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، خىتايغا توشۇشنى زور كۈچ بىلەن ئاشۇرماقتا. بۇ يىل 5-ئاينىڭ 7-كۈنىگىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى سانجى-گۇچۇەن تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش لىنىيەسى خىتاي ئۆلكىلىرىگە جەمئىي 207 مىليارد كىلوۋات سائەت توكنى توشۇپ كەتكەن.

ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 14-مايدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، سانجى-گۇچۇەن تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش لىنىيەسى ئاتالمىش «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش» ئىستراتېگىيەسىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ، 2016-يىلى 3-ئايدا قۇرۇلۇش باشلانغان، 2019-يىلى 9-ئاينىڭ 26-كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. خىتاي ئېلېكتر تورى ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى ئۈلترا يۇقىرى بېسىم شۆبە شىركىتى سانجى توك ئايلاندۇرۇش پونكىتى مەخسۇس شەرقىي تۈركىستاننىڭ توكىنى خىتايغا

تۇشۇش-يەتكۈزۈش پونكىتى بولۇپ، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى شەرقىي جۇڭغارنىڭ توكىنى 3000 كىلومېتىردىن ئارتۇق يىراقلىقتىكى خىتاينىڭ شەرقىي رايونلىرىغا توشۇيدىكەن.

سانجى-گۇچۇەن تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى شەرقىي تۈركىستان، گەنسۇ، نىڭشىيا، شەنشى، خېنەن، ئەنخۇي قاتارلىق جايلاردىن ئۆتىدىغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3293 كىلومېتىر ئىكەن. 2019-يىلى 8-ئايدا سانجى توك ئايلاندۇرۇش پونكىتىدا 5G تورى ئاساسىي پونكىتى قۇرۇلغان بولۇپ، ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكتىر تورىدىكى تۇنجى 5G ئاساسىي پونكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي بۇ يىل 7-مايغىچە سانجى-گۇچۇەن تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، خىتايغا جەمئىي 207 مىليارد كىلوۋات سائەت توكنى توشۇپ كەتكەن. خىتاي بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان مەزكۇر ئېنېرگىيە 218 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىنىڭ بىر يىللىق توك ئىشلىتىش مىقدارىغا باراۋەر كېلىدىكەن.




ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى خەلقئارادىكى دىنىي ئەركىنلىك توغرىسىدا دوكلات ئېلان قىلىپ، خەلقئارادا دىنغا قارشى باستۇرۇشنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە خىتايدىكى دىنىي باستۇرۇشنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بىلىنكېن 15-ماي «2022-يىللىق خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك دوكلاتى»نى ئېلان قىلغان.

دوكلاتتا خىتاي كىشىلىك ھوقۇق ۋە دىنىي ئەركىنلىككە دەخلى-تەرۇز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى ۋە تىبەت بۇددىستلىرى، فالۇنگوڭ مۇرىتلىرىنى باستۇرغانلىقىنى ئالاھىدە

ئوتتۇرىغا قويغان.

ئامېرىكىنىڭ دىنىي ئەركىنلىك مەسىلىلىرى باش ئەلچىسى راشاد ھۈسەيىن دوكلاتتىكى بىر قىسىم مۇھىم نۇقتىلار ھەققىدە سۆز قىلىپ، نۇرغۇن ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۆز چېگراسىدىكى دىنىي گۇرۇپپا ئەزالىرىغا داۋاملىق قالايمىقان ھۇجۇم قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

باش ئەلچى راشاد ھۈسەيىن خىتاي ھەققىدە توختىلىپ: «خىتاي ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى لاگېرلارغا قامىدى. تىبەت بۇددىستلىرىنى داۋاملىق باستۇردى، نۇرغۇن كىشىلەر خىتاينىڭ باستۇرۇشى ۋە زەربە بېرىشى سەۋەبلىك چەت ئەلگە قاچماقتا» دېگەن.

راشاد ھۈسەيىن سۆزىدە يەنە، خەلقئارا سەھنىدە ئىككىنچى خىل يېڭى يۈزلىنىش ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى، بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ مەسچىت ۋە دۇئا-تىلاۋەت سورۇنلىرىغا كىرىشكە قويغان چەكلىمىسىنىڭ كۈنسېرى كۈچەيگەنلىكىنى تەكىتلەپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەسچىتلىرى ۋە قەبرىستانلىقلىرىنى ۋەيران قىلغانلىقىنى ياكى باشقا ئەسلىھەلەرگە ئۆزگەرتكەنلىكىنى تىلغا ئالغان.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى مەزكۇر دوكلات ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى تاراتقۇلارغا: «خىتاي يەنىلا دۇنيادىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋە دىنىي ئەركىنلىكنى ئەڭ ئېغىر دەپسەندە قىلغۇچى دۆلەت» دېگەن.

مەزكۇر ئەمەلدار يەنە: «ئامېرىكا خىتاينىڭ دىنىي ئەركىنلىككە دەخلى-تەرۇز قىلىش قىلمىشىغا قارشى مالىيە جازاسى ۋە ۋىزا چەكلىمىسى قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، خىتاي دائىرىلىرىگە بولغان بېسىمنى ئاشۇرماقتا» دېگەن.



زىممىستان تورى 12-ماي شەرقىي تۈركىستاندا جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قامالغانلارنىڭ قانداق سەۋەب بىلەن خىتاي رېجىمى تەرىپىدىن جازالانغانلىقى ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلدى.

مەزكۇر ماقالىدە ئىنسانلار تارىختا ھەر خىل جىنايەت ئاتالغۇلىرى، ھەر خىل جازالارغا شاھىت بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇلتۇر ئاشكارىلانغان «شىنجاڭ ساقچى ئارخىپلىرى» ناملىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى غەلىتە جىنايى ئاتالغۇلارغا يولۇقمىغانلىقى، ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ماقالىدە مىسال سۈپىتىدە «ساقچى ئارخىپلىرى»دا ئاشكارىلانغان 28 ياشلىق ئېلى جۇمە ئىسىملىك كىشىنىڭ قولغا ئېلىنىش سەۋەبىنىڭ چەت ئەلگە چىقىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغان ئائىلە ئەزاسى بولۇپ قالغانلىقى، غەلىتە يېرى ئەلى جۇمەنىڭ چەت ئەلگە چىقىشقا ئۇرۇنماي تۇرۇپلا تۇتقۇن قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ قۇربانى ۋە شاھىتى بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

ماقالىدا يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلىۋاتقانلىقىنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە 25 ياشلىق ئابدۇغېنى پازىلنىڭ پەقەتلا خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئىشەنچسىز كىشىلەر» تىپى ئىچىدىكى بىر ئەزا بولۇپ قالغانلىقى، 32 ياشلىق ئېزىز ياسىننىڭ بەش يىل بۇرۇن ئاكىسى كېرەم ياسىندىن ئۈچ كۈن قۇرئان كەرىم ئوقۇشنى ئۆگەنگەنلىكى، 33 ياشلىق ئېزىز ئىبراھىمنىڭ 2012-يىلى توي مەرىكىسىدە مۇزىكا قويۇشقا رۇخسەت قىلمىغانلىقى، 51 ياشلىق ھۆسەيىن مەمەتنىڭ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندە نەزىر-چىراغ قىلمىغانلىقى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇش ئارقىلىق، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قانداق ۋەھشىيلەرچە جىنايەت ئىشلەۋاتقانلىقىنى تەكىتلەنگەن.

خىتاي ئارقا-ئارقىدىن يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەردە قېرىنداشلىرى ۋە سەپداشلاردىن ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىگىمۇ ئىگە بولالمىغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تويلاردا نەغمە-ناۋادىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق، شېھىت بولغان ئاتا-ئانا ۋە تۇغقانلىرىغا قارىلىق تۇتقانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۇلارنى تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا قامىغان.

خىتاينىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن لاگېر شاھىتلىرى ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى تەتقىق قىلغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئاشكارىلىشىچە، 2017-يىلى ئاشكارىلانغان خىتاينىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىدە، 1970-، 1980- ۋە 1990-يىللىرى تۇغۇلغان ئۇيغۇرلار «ئىشەنچسىز ئەۋلادلار» دەپ بېكىتىلگەن. بۇنىڭ سەۋەبى بۇ يىللاردا تۇغۇلغان ئۇيغۇر ئەۋلادلىرى ئاچارچىلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغانلىقى، كومپارتىيەنى بىلمەيدىغانلىقى، قارشىلىق كۆرسىتىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بار كىشىلەر بولغانلىقى ئىكەن. ئۇندىن باشقا خىتاي دىن ئۆگىنىشكىلا ئەمەس، بەلكى دىنىنىڭ بىرەر ئېلېمېنتىنىڭ يوقۇپ قېلىشىنىمۇ جىنايەت، دەپ دەۋا قىلغان.

خىتاي ھەققىدە ئاشكارىلانغان يەنە بىر دوكلاتتا، خىتاينىڭ ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئېغىر دەرىجىدە كەمسىتكەنلىكى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئىسلام دىنىنى «روھىي كېسەللىك» دەپ ئاتىغانلىقى، بۇ كېسەللىكنىڭ دورىسىنى بولسا «جازا ۋە تۈرمە» دەپ

بىلجىرلىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

بۇلتۇر ئاشكارىلانغان «ساقچى ئارخىپلىرى»دا خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، خىتاي دۇنيا بويىچە تۇتقۇن قىلىش، تۆھمەت بىلەن جازالاش جەھەتتە رېكورت ياراتقان.




خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تىل-يېزىقىنى چەكلەپ، شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق زور كۈچ سەرپ قىلماقتا.

ئاتالمىش «شىنجاڭ تېز خەۋەرلىرى» تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 15-ماي خىتاي مائارىپ مىنىستىرلىقى ئاتالمىش «دۆلەت تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقىنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش» نامىدا تەقدىرلەش يىغىنى ئاچقان.

خىتاي مائارىپ مىنىستىرلىقى ئاتالمىش «دۆلەت تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقىنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش» نامىدا ئېچىلغان يىغىندا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» مائارىپ نازارىتى دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش، كېڭەيتىش باشقارمىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش مەركىزى قاتارلىق بەش كوللېكتىپ ئاتالمىش «دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقىنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نام بىلەن مۇكاپاتلانغان. ئۇنىدىن باشقا ئاتالمىش «شىنجاڭ مالىيە-ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى»دىن سەككىز كىشى ئاتالمىش «دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقىنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس» دېگەن نام بىلەن مۇكاپاتلانغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كىملىكى ۋە مەدەنىيىتىنى يوقىتىش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش رەزىل مەقسىتىدە، ئاتالمىش «دۆلەت

ئورتاق تىل-يېزىق قانۇنى» نى يولغا قويغىنىغا 22 يىل بولغان بولۇپ، ئىلگىرى مەزكۇر قانۇننى ھەرخىل يۇمشاق ۋاسىتىلەر بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرگەن خىتاي رېجىمى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زور كۈچ سەرپ قىلىپ، مەجبۇرىي ئىجرا قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، تۈنجى قېتىم بۇ ھەقتە تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزگەن. بۇ قېتىمقى باھالاشقا قاتنىشىش دائىرىسىنىڭ قاپلاش كۆلىمى كەڭ بولغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش جىنايىتى ھەققىدە تەييارلانغان دوكلاتلىرىدا، 2017-يىلى خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى كەڭ كۆلەملىك قولغا ئېلىشقا باشلىغان بولۇپ، كۆزەتكۈچىلەر بۇ ۋەھشىيلىكنىڭ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىدىن ئەندىشە قىلغانلىقىنى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ خىتاينىڭ بۇ ۋەھشىي سىياسىتىنىڭ ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكى توغرىسىدىكى پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقىنى، خىتاي رېجىمى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئاتا-ئانىسىدىن ئۇزاق مۇددەت مەجبۇرىي ئايرىپ، يېتىم-يېسىرلار ياكى ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئانا تىلدا سۆزلەش ۋە بىلىم ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغان مائارىپ سىستېمىسىدا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

دوكلاتتا يەنە ئائىلە ئەزالىرى ئاتالمىش «قوشماق تۇغقان» سىياسىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئائىلىسىدە خىتاي تىلىنى ئاساسلىق تىل قىلىپ ئىشلىتىش، خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ قىممەت-قارىشىغا مەجبۇرلاش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تۈرمۈش مۇھىتىنى يوقىتىش تىرىشچانلىقى ئىكەنلىكى، خىتاينىڭ مەزكۇر جىنايەتلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئاشكارىلىغان.



خىتاينىڭ شىئەن شەھىرىدە ئىككى كۈن داۋاملاشقان خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا باشلىقلىرى يىغىنىدا «شىئەن خىتابنامىسى» ئېلان قىلىندى.

18-ماي باشلىنىپ، 19-ماي ئاخىرلاشقان خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا باشلىقلار يىغىنىدا خىتاي رىجىمى رەئىسى شى جىنپىڭ، قازاقىستان پىرېزىدېنتى جۇمارت توقايوف، قىرغىزىستان پىرېزىدېنتى جاپاروف، تاجىكىستان پىرېزىدېنتى ئىمام ئېلى راھمانوف، تۈركمەنىستان پىرېزىدېنتى بەردىمۇھەممەدوف ۋە ئۆزبېكىستان پىرېزىدېنتى مىرزىيويوفلار بىر يەرگە جەم بولغان. يىغىندا ئېچىلىش سۆزى قىلغان شى جىنپىڭ زور سومملىق يەمچۈك تاشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى جەمئىي 26 مىليارد يۈەن قىممەتتىكى مەبلەغ ۋە ھەقسىز ياردەم بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان.

ئۇ سۆزىدە يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ھەققىدىكى قارا نىيەتتىن بېشارەت بېرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي زىددىيەت، دىنىي تالاش-تارتىش ۋە مەدەنىيەت پەرقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاساسلىق تېمىسى ئەمەسلىكىنى، ئىتتىپاقلىق، كەڭ قورساقلىق ۋە ئىناقلىق ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ نىشانى ئىكەنلىكىنى، ھېچكىمنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىختىلاپ ۋە زىددىيەت پەيدا قىلىش ۋە بۇ ۋاستە بىلەن سىياسىي مەنپەئەت ئېلىش ھوقۇقى يوقلۇقىنى دەۋا قىلغان.

ئۇ يەنە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزىنىڭ ئارقا ھويلىسى بولۇپ بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن ھالدا، رايوننىڭ ئۇنىۋېرسال بىخەتەرلىكىنى قوغداشتا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى، يەر شارى بىخەتەرلىك تەشەببۇسىنى ئورتاق يولغا قويۇپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا ۋە «رەڭلىك ئىنقىلاب» قوزغىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، ئاتالمىش «ئۈچ خىل كۈچ»كە بىردەك قارشى تۇرۇپ، بىخەتەرلىك قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ، توقۇنۇشتىن خالىي مەڭگۈ تىنچ بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بەرپا قىلىدىغانلىقىنى داۋراڭ سالغان.

مەزكۇر ئۇچرىشىشنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، 15 ماددىلىق «شىئەن خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغان. خىتابنامىدە خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت باشلىقلىرى ئۇچرىشىشى مېخانىزمىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى تەكىتلەنگەن بولۇپ، شۇ ئاساستا ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى، ھەر قايسى تەرەپلەر خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا مېخانىزمىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئاساسىدا، مۇھىم ھەمكارلىق ساھەلىرىدە مىنىستىرلار ئۇچرىشىش مېخانىزمىنى تېزدىن بەرپا قىلىدىغانلىقى، ھۆكۈمەت ۋە سىياسىي تۈزۈمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان «رەڭلىك ئىنقىلاب» قوزغاشقا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقى، ھەر قانداق تەرىقىدە ۋە ھەر قانداق باھانە بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا قارشى تۇرىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

خىتابنامىدە يەنە ھەر قايسى تەرەپلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ قاتناش مەركىزى بولۇشتەك مۇھىم ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا قاتناش كارىدورى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا-جەنۇبىي ئاسىيا، خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا-ئوتتۇرا شەرق بىرلەشمە ترانسپورتىنى

تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەكلىكى، جۈملىدىن خىتاي-قازاقىستان-تۈركىيە-ئىران ترانسپورت يولى، ئوتتۇرا ئاسىيا-ياۋروپا ۋە كاسپىي دېڭىزىدىن ھالقىغان ترانسپورت لىنىيەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

خىتابنامىدە يەنە ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئىقتىساد، سودا ۋە مەبلەغ سېلىش ھەمكارلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇقىم ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەشنىڭ مۇھىملىقى كۆرسىتىلىپ، خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولى D لىنىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىدىغانلىقى، بارلىق ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت مەركەزلىرى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقى، خىتاي بۇ ساھەدە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى داۋاملىق ھۆكۈمەت ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن تەمىنلەپ، مۇناسىۋەتلىك ساھەدە كەسپىي خادىملارنى تەشكىللەش ئارقىلىق، خىتايدىكى تەربىيەلەش، تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشنى خالايدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

خىتابنامىنىڭ ئاخىرىدا ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىپ، ئافغانىستان خەلقىنىڭ تىنچلىق ۋە مۇقىملىقنى ساقلىشىغا، ئىجتىمائىي ئۇل ئەسلىھەلەرنى قايتا قۇرۇپ، رايون ۋە دۇنيا ئىقتىسادىي سىستېمىسىغا سىڭىپ كىرىشىگە ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقى ھەمدە شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى تەسىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنغان بۇ ئۇچرىشىش يەتتە دۆلەت گۇرۇھى باشلىقلار ئۇچرىشىشى بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، خەلقئارانىڭ، شۇنداقلا مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىدى.



خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا باشلىقلىرى ئۇچرىشىشى ھەققىدە يازما بايانات ئېلان قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا چاقىردى.

باياناتتا خىتاينىڭ خەلقئارا قانۇنغا خىلاپ ھالدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، خەلقئارا تىنچلىقنى بۇزغانلىقى، خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنى جىددىي يېنىغا تارتىش ئۇرۇنۇشلىرىدا سەممىمىي ئەمەسلىكى، خىتاي بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەۋاتقان جىنايىتىگە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنى سۈكۈت قىلدۇرماقچى بولغانلىقى قەيت قىلىنىدى ۋە شۇنداقلا خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن سودا، ئېنېرگىيە سانائىتى شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ۋە ئاتالمىش «بىر بەلباغ، بىر يول» پىلانى بويىچە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ۋەدە بەرگەنلىكى، ئەمما خىتاينىڭ بۇ سودا پىلانىدىكى رەزىل مەقسىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقى، بۇنىڭغا نۆۋەتتە بىر قىسىم ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئىسپات بولالايدىغانلىقىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ خىتاينىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەسلىكى كېرەكلىكى تەكىتلەندى.

باياناتتا يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىدە خىتاينى ئەخلاقىي، سىياسىي ۋە قانۇنىي جەھەتتىن جاۋابكارلىققا تارتىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەكلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنى خىتايغا بېسىم قىلىشقا چاقىرىق قىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.



ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ خىتاي ئىستراتېگىيەسىگە ئالاقىدار بىر كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىرى ئەنگلىيەنى زىيارەت قىلىپ، لوندون ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتىشكە چاقىردى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئامېرىكا-خىتاي كومپارتىيەسى ئىستراتېگىيەلىك رىقابەت كومىتېتىنىڭ رەئىسى مايك گالاگېر باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ھەيئىتى ئەنگلىيەنى زىيارەت قىلغان. ئامېرىكا ۋەكىللىرى زىيارەت داۋامىدا ئەنگلىيە تەرەپ بىلەن خىتاينىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئەنگلىيەنىڭ خوڭكوڭ مەسىلىسىدە خىتايغا تېخىمۇ قاتتىق قول بولۇشىنى ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قاتتىق باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئامېرىكا ۋەكىللەر ئۆمىكى 19-ماي ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، مۇخبىرلارنى قوبۇل قىلغان. ئارقىدىن ئەنگلىيە دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىرى بېن ۋالېس بىلەن كۆرۈشكەن.

كۆرۈشۈشتە ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دەپسەندىچىلىكىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ بۇنىڭغا ماسلاشمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرى ئەنگلىيە ۋە خوڭكوڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ زىيارىتىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خوڭكوڭ بىلەن داۋاملىق سودا-ئالاقە قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، ئامېرىكا-خىتاي كومپارتىيەسى ئىستراتېگىيەلىك رىقابەت كومىتېتى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى خىتايغا يۇمشاق قوللۇق قىلدى، دەپ ئەيىبلىگەن ھەمدە خىتاينىڭ كۆزىتىش كامېراسىنىڭ ئەنگلىيە پادىشاھىغا تاج كەيدۈرۈپ مۇراسىمىدا ئىشلىتىلگەنلىكىنى، خىتاينىڭ ئەنگلىيەدىكى ئاتالمىش «چەت ئەل ساقچى پونكىتلىرى»نىڭمۇ ئەنگلىيەگە تەھدىت بولۇۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان.



ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى خىتاي ئىشلىرى كومىتېتى تەيۋەن بىلەن ئۇيغۇر مەسىلىسى توغرىسىدا ئىككى ھەرىكەت دوكلاتىنى ماقۇللىدى.

ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان ئامېرىكا-خىتاي كومپارتىيەسى ئىستراتېگىيەلىك رىقابەت كومىتېتى 24-ماي ئاغزاكى ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش ۋە خىتاينى تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىشتىن توسۇش ھەققىدە ئىككى دوكلاتنى تەستىقلىدى.

ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەستىقلىغان دوكلاتىنىڭ تەۋسىيەلىرى ئىچىدە، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا چېتىشلىق دەپ قارالغان خىتاي تېخنىكا شىركەتلىرىگە جازا يۈرگۈزۈش ۋە ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگەك كۈچى بىلەن ياسالغان مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەيدىغان قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەزمۇنلار بار ئىكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، مەخسۇس كومىتېت تەستىقلىغان ئىككى دوكلات ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ سىياسىتىنى بەلگىلەيدىغان كەڭ كۆلەملىك قانۇن لايىھەسى ۋە پارلامېنتنىڭ يىللىق دۆلەت مۇداپىئە ھوقۇق قانۇنىنى تەييارلاشقا باشلىغان بىر پەيتتە ئېلان قىلىنغان.

دوكلاتنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان قىسمى بولسا سىياسىي تەۋسىيەلەر، جۈملىدىن تەيۋەنگە ئۈزلۈكسىز قورال-ياراغ يەتكۈزۈش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.




خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ماراكەشتە ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر ياش ئىدرىس ھەسەننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، دىپلوماتىك تىرىشچانلىقىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان

تەشكىلاتلار بىرلىكى ماراكەشتە يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان نوپۇزلۇق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ياردىمى بىلەن، تەلەپلىرىنى ۋە ئىدرىس ھەققىدە ھازىرلىغان دوكلاتىنى ماراكەش پادىشاھى مۇھەممەد VI كە يەتكۈزۈشكە، شۇنداقلا پادىشاھ تەرىپىدىن كەچۈرۈم ئېلان قىلدۇرۇشقا تىرىشماقتا.

مەلۇم بولۇشىچە، ماراكەش ئاساسىي قانۇنىنىڭ 58-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، پادىشاھ مەھبۇسلارغا قارىتا كەچۈرۈم ئېلان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەن. قانۇندا كۆرسىتىلىشىچە، ماراكەش پادىشاھى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت شۇنداقلا ماراكەشنىڭ «پادىشاھ ۋە خەلق ئىنقىلابى» كۈنى (ھەر يىلى 20-ئاۋغۇست) مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر يىلى مىڭلىغان مەھبۇسنى كەچۈرۈم قىلالايدىكەن. كەچۈرۈم قىلىنغانلارنىڭ ئىچىدە ھەتتا تېررورلۇققا چېتىشلىق جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلىنىپ، قاماققا ھۆكۈم قىلىنغانلارمۇ بار ئىكەن.

ماراكەش پادىشاھى مۇھەممەد VI بۇ يىلمۇ روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن تۈرلۈك جىنايەتلەر سەۋەبىدىن تۈرمە جازاسى بېرىلگەن ياكى قولغا ئېلىنغان 1518 كىشى ھەققىدە كەچۈرۈم قارارى ماقۇللىغان بولۇپ، بۇلتۇر قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەنمۇ 979 مەھبۇسنى كەچۈرۈم قىلغانىدى. مۇھەممەد VI ماراكەشنىڭ «پادىشاھ ۋە خەلق ئىنقىلابى» كۈنى بولغان 20-ئاۋغۇستتىمۇ ھەر يىلى 500 گە يېقىن مەھبۇسنى كەچۈرۈم قىلىپ كەلمەكتىكەن.

نۆۋەتتە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى بۇ يىللىق قۇربان ھېيت ۋە ماراكەشنىڭ «پادىشاھ ۋە خەلق ئىنقىلابى» كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن كەچۈرۈم قىلىنىدىغان مەھبۇسلار تىزىملىكىگە ئىدرىس ھەسەننىڭمۇ كىرگۈزۈلۈشى ئۈچۈن، ماراكەشتىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلاشماقتىكەن.

تەشكىلاتلار بىرلىكى ۋەكىللىرى ئىلگىرىمۇ ئەرەب دۇنياسىدا، تۈركىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق يىغىنلاردا ماراكەشنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىدرىس ھەسەن مەسىلىسىنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغانىدى.



خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبئىي گازلىرىنى
قورغاس ئارقىلىق خىتايغا توشۇماقتا

خىتاي رېجىمى خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا باشلىقلىرى يىغىنىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بىلەن بىر قاتار ھەمكارلىقلارنى ئورناتقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا تەبىئىي گاز تۇرۇبىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق مۇقىم ھالدا خىتايغا يەتكۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشقا كېلىشكەن.

خىتاي خەلق تورىنىڭ 21-مايدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن ئىمپورت قىلغان تەبىئىي گازنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قورغاس ئارقىلىق چېگرادىن كىرگۈزۈپ، ئاتالمىش «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» 2 - ۋە 3 -لىنىيەسى ئارقىلىق خىتاينىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك جايلىرىغا يەتكۈزىدىكەن.

خەۋەردە ئاشكارىلىنىشىچە، 19-ماي كۈنىگىچە ئاتالمىش «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» 2-لىنىيەسى ۋە 3-لىنىيەسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگۈزۈلۈپ، شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق خىتايغا توشۇلغان تەبىئىي گاز جەمئىي 430 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشقان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى غەربتە تۈركمەنىستاندىن باشلىنىپ، ئۆزبېكىستان، قازاقىستاندىن ئۆتۈپ شەرقىي تۈركىستانغا كىرىدىكەن. شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق خىتاي بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئېنېرگىيە يول ئەسلىھەلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرىدىكەن.

خىتاي تۇرۇبا تورى گۇرۇھى غەربىي رايون تۇرۇبا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئاتالمىش «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» 2-لىنىيەسى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق چېگرا سىرتىدىن تەبىئىي گاز كىرگۈزۈشتىكى تۇنجى ئىستراتېگىيەلىك تۇرۇبا يولى ئىكەن. بۇ قۇرۇلۇش شەرقىي تۈركىستاننىڭ قورغاستىن باشلىنىپ، خىتاينىڭ جەنۇبىدا گۇاڭجۇ، خوڭكوڭغا، شەرقتە شاڭخەيگە يېتىپ بارغان بولۇپ، نۆۋەتتە دۇنيا بويىچە لىنىيەسى ئەڭ ئۇزۇن، تەمىنلەشنى قاپلاش كۆلىمى ئەڭ چوڭ تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى ھېسابلىنىدىكەن.

ئاتالمىش «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» 3-لىنىيەسى قورغاس چېگرا ئېغىزىدىن باشلىنىپ، خىتاينىڭ شەرقىدە فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ فۇجو شەھىرىگە يېتىپ بارغان بولۇپ، يىللىق لايىھەلەنگەن گاز يەتكۈزۈش مىقدارى 30 مىليارد كۇب مېتىر، يۇقىرى ئېقىنى خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا تەبىئىي گاز تۇرۇبىسىنىڭ C لىنىيەسى بىلەن تۇتىشىدىكەن.



خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتى (ئىنتېرپول) قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا، ئىنتېرپول خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىشىگە يول قويغانلىقى سەۋەبلىك تەنقىدلەندى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا مۇئاۋىن ئەدلىيە مىنىستىرى لىسا موناكو ئىنتېرپول قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە سۆز قىلىپ، ئىنتېرپولنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئادەم ئەتكەسچىلىكىگە قارشى يېڭى تىپتىكى يەرشارى تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى رولىنى ماختىغان.

خاتىرىلەش پائالىيىتىگە ئىنتېرپولنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى، شۇنداقلا ئامېرىكا دۆلەتلىك مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسى، ئەدلىيە مىنىستىرلىقى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى قاتناشقان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتىغا 195 دۆلەت ئەزا بولۇپ، بەلگىلىمە بويىچە ئەزا دۆلەتلەر قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى تارقىتىشنى تەلەپ قىلىش هوقۇقى بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، تەشكىلاتنىڭ مۇستەقىل هۆججەت كونترول قىلىش كومىتېتى بار بولۇپ، بۇ كومىتېت سىستېمىدىكى تالاش-تارتىش بولغان قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى ۋە باشقا ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ئۆلچۈرۈشكە مەسئۇل ئىكەن. كومىتېت ئەزالىرى كۆپىنچە ئادۋوكاتلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ هوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىش ئەهۋالىنى نازارەت قىلىدىكەن. مەزكۇر كومىتېتنىڭ ماسلىشىپ خىزمەت قىلىش تىرىشچانلىقىغا قارىماي، رۇسىيە، خىتاي قاتارلىق دۆلەتلەر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىنتېرپولنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى سىستېمىسىنى سىياسىي مەقسەتتە قالايمىقان ئىشلەتكەن، دەپ ئەيىبلەنگەن.

ئىنتېرپولنىڭ باشلىقى جۈرگېن ستوك مۇراسىمدا سۆز قىلىپ، ئىنتېرپولنىڭ نۆۋەتتە كۈچلۈك هالەتتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. تەنقىدچىلەر ئىنتېرپولنىڭ دىكتاتور هاكىمىيەتلەرنىڭ ئىنتېرپول سىستېمىسىنى قالايمىقان ئىشلىتىشىنى توسۇپ قالالمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇيغۇر ياش ئىدرىس هەسەننىڭ 2021-يىلى ماراكەشتە تۇتقۇن قىلىنىش سەۋەبىمۇ خىتاي بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئىنتېرپول خىتاينىڭ تەلىپىگە ئاساسەن چىقارغان تۇتۇش بۇيرۇقى سەۋەبلىك، ئىدرىس هەسەن ماراكەش دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان.



خىتاي ئالدىنقى تۆت ئاي ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، ئېكسپورت قىلغان بايلىقنىڭ قىممىتى 80 مىليارد 640 مىليون يۈەنگە يەتكەن.

ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 23-مايدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي ئالدىنقى تۆت ئاي ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ چەت ئەلگە چىقارغان مالنىڭ قىممىتى 80 مىليارد 640 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 90.1% ئاشقان.

خىتاي خەۋەر مەنبەلىرىدە ئالدىنقى تۆت ئايدا شەرقىي تۈركىستان بىلەن يەككە سودا قىلغان دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكى 160 تىن 165 كە كېڭەيگەنلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى بىلەن بولغان ئىقتىساد-سودا ساھەسىدىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشقانلىقى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي ئوتتۇرىغا قويغان ئاتالمىش «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىمپورت-ئېكسپورت قىممىتى 86 مىليارد 980 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 83.6% ئاشقانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا قاماپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، خىتاينىڭ نۇرغۇنلىغان زاۋۇت ۋە شىركەتلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ناھىيە ۋە يېزا-قىشلاقلىرىغا ئورۇنلاشقان. ئالدىنقى تۆت ئايدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ياسىمىچىلىق كەسپىنىڭ ئېكسپورت قىممىتى 79 مىليارد 920 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 90.3% ئاشقان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ ئېلىپ كېتىۋاتقان بارلىق يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىغا ئائىت ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىۋاتقان بايلىقلارنىڭ ئېلان قىلىنغان ساندىن نەچچە ئون ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىققان بايلىقلارنى يەرلىك خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ئىشلەتمەيلا قالماستىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى باستۇرۇش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، يۇرتلىرىدىن سۈرگۈن قىلىش قاتارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋاستىلىرى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى تولۇق يۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

# ئىستىقلال ئاۋازى

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


باش مۇھەررىر: ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

تەھرىر: ي. قۇرۇم

لايىھەلىگۈچى: ي. قۇرۇم

كارىكاتۇر: رادۋا ئادىل

نەشر قىلغۇچى ئورۇن: شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

نەشر تۈرى: ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى



ئادرېس: Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2
Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

info@istiqlalmedia.com
www.istiqlalhaber.com www.istiqlalmedia.com
+90 212 540 31 15 +90 553 895 19 33
+90 541 797 77 00



DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى